# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 1 - ئاي
14
سەيشەنبە
维吾尔文 1 月14日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65－0002/－W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24940 - سان بۈگۈن 8 بەت


## مەركىزىي ھەربىي كومىتېت بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى پېشقەدەم كادىرلاردىن ھال سوراش - چاغانى كۈتۈۋېلىش ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇنى ئۆتكۈزدى

### شى جىنپىڭ پۈتۈن ئارمىيەدىكى پېشقەدەم يولداشلارنىڭ چاغىنىنى تەبرىكلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لى شۈەنلياڭ، مېي شىشيۇڭ)** مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى پېشقەدەم كادىرلاردىن ھال سوراش - چاغانى كۈتۈۋېلىش ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇنى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

### شى جىنپىڭ 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# ئىزچىل تۈردە پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىپ، ھوقۇق يۈرگۈزۈشتىكى چەكلىمە ۋە نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھالىلىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك

### لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ يىغىنغا قاتناشتى جاۋ لېجى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىزچىل تۈردە، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھوقۇق يۈرگۈزۈشتىكى چەكلىمە ۋە نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللىشىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھالىلىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ يىغىنغا قاتناشتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاۋ لېجى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بىز مىسلىسىز جاسارەت ۋە ئىرادە بىلەن پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى دەۋردە پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تارىخىي خاراكتېرلىك، ئىجادىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھەر تەرەپلىمە، چوڭقۇر قاتلاملىق تەسىر پەيدا قىلدۇق. بىز ئۇلۇغ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش ئارقىلىق ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلابقا يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈم سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىر قىسىم ساھەلەردە پارتىيە رەھبەرلىكى ئاجىزلىشىش، پارتىيە قۇرۇلۇشى يېتەرسىز بولۇش، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش كۈچلۈك بولماسلىق ئەھۋالىنى قەتئىي ئۆزگەرتىپ، پارتىيەنى باشتىن - ئاخىر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسىغا ئايلاندۇردۇق. بىز ئىلمىي نەزەرىيە ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيەنى يېتەكلەش غايە - ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرۇش، خەلقنى تەربىيەلەش، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشتا ئۈزلۈكسىز چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش - تەربىيەنى تۈزۈملەشتۈرۈش، دائىملاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگو ئارزۇسىنى بىر نىيەتتە ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش غايە - ئېتىقادىمىزنى ئۈزلۈكسىز چىڭىتتۇق. بىز «ئىككىنى قوغداش» ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئىتتىپاقلىقى، بىرلىككە يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغدايدىغان تۈرلۈك تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور خىزمەتلەرگە بولغان رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، بىردەك ئىرادە ۋە ھەرىكەت ئارقىلىق پارتىيەنىڭ ئىتتىپاقلىقى، بىرلىكىنى قوغداپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي رەھبەرلىك ئىقتىدارى، ئىدىيەۋى يېتەكلەش ئىقتىدارى، ئاممىنى تەشكىللەش ئىقتىدارى، ئىجتىمائىي چاقىرىق ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتۇق. بىز ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئارقىلىق پارتىيە رايى، ئارمىيە رايى، خەلق رايىنى مۇجەسسەملەشتە چىڭ تۇرۇپ، چىرىكلىكنى قەتئىي جازالاپ، ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزەپ، پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ساپلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان پاسسىپ ئامىللارنى قەتئىي تۈگىتىپ، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان، خەلققە تايىنىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان تۈرلۈك تۈزۈملەرنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، خەلقنى باشتىن - ئاخىر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلاندۇردۇق.



1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى خۇاڭ جىڭۋېن فوتوسى

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بىز ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش شارائىتىدا ئۆزىمىزدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان، تارىخىي دەۋرىيلىك نىسبىتىدىن چىقىپ كېتەلەيدىغان مۇۋەپپەقىيەتلىك يولنى ئىزدىنىپ چىقىپ، بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك ھوقۇق نازارەتچىلىكى تۈزۈمى ۋە ئىنتىزام ئىجرا قىلىش، قانۇن ئىجرا قىلىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلدۇق، بۇ يول، بۇ بىر يۈرۈش تۈزۈمدە ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش ھەم ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش، راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدا ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە سېپى ئالاقىدار خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: سىياسىي نازارەتچىلىك كاپالىتى تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «ئىككىنى قوغداش» سىياسىي ئاڭلىقلىقنى كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە تىرەك بولىدىغان تۈپ تۈزۈم، ئاساسىي تۈزۈم، مۇھىم تۈزۈمدە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، بۇ يىل بولۇپمۇ دىققەتنى ئومۇميۈزلۈك ھالىلىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ۋەزىپىسىگە مەركەزلەشتۈرۈشكە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پۈتۈن كۈچنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇپ، ئىشتا نەتىجە قازىنىشقا ماھىر بولۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە ئاساسىي قاتلام پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە نازارەتچىلىكى مەۋھۇملىشىش، ئاجىزلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ،

(ئاخىرى 5 - بەتتە)

خەلق گېزىتى ئوبزورچى ماقالىسى

## ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش تۈزۈمىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولايلى

— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

5 - بەتتە

## ئۆگىنىش ئىستىلى تېخىمۇ ئەمەلىي بولدى ئىستىل تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى مەسئۇلىيەتچانلىق تېخىمۇ كۈچەيدى

— ئاپتونوم رايوننىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرغانلىقى توغرىسىدا يۈرۈشلۈك ئۇنىۋېرسال بايان

6 - بەتتە

### ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 7 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئاچتى

## بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قانۇن بويىچە مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدا تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز يۈەن لېي خەۋەر قىلىدۇ:** 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 7 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 7 - بەتتە)

### باش شۇجى بىزنىڭ ئۆيىمىزگە كەلگەن

# ھازىرقى تۇرمۇشىمىز گۈزەل ھەم خاتىرجەم

### — شىنجاڭ كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئاياغمەنگەن كەنتىدىكى ئابدۇقېيۇم روزى ئائىلىسنى قايتا زىيارەت

ئائىلەڭلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بۇ سەۋىيەدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ مەن ناھايىتى خۇشال بولدۇم. مېنىڭ سىلەرنى يوقلاپ كېلىشىم، پارتىيەنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان - ئالمىغانلىقىنى، رولىنى جارى قىلدۇرغان - قىلدۇرمىغانلىقىنى دەلىللەش ئۈچۈندۇر. ئومۇمەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىشلار پارتىيەمىزنىڭ كۈرەش قىلىش نىشانى. مەن سىلەرنىڭ پارتىيە سىياسىتىنىڭ ياردىمىدە تېخىمۇ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشۈڭلارغا تىلەكداشمەن.

— شى جىنپىڭ

□ خەلق گېزىتى مۇخبىرلىرى ياڭ يەن، ئارداق

كەڭ ئاسفالت يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە، بىر قورۇ يەنە بىر قورۇغا ياندىشىپ سېلىنغان بولۇپ، قاراشتا ئانچە پەرقلەنمەيدىغاندەك كۆرۈنەتتى. بىر خىل رەڭدىكى قىزىل دەرۋازىلار ئارىسىدا، ئابدۇقېيۇم روزىنىڭ سېرىق رەڭدىكى دەرۋازىسىنى تاپماق ئاسان ئەمەس ئىدى. ئەمما ئاسان تاپقىلى بولاتتى.

بۇ يەر شىنجاڭ كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئاياغمەنگەن كەنتى 8 - گۇرۇپپىسى. 2014 - يىلى 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، باش شۇجى شى جىنپىڭ مانا مۇشۇ دەرۋازىدىن كىچىك ھويلىغا كىرگەن، ئۆي ئىگىسىنىڭ ياتاق ئۆيى، ئاشخانىسى، كالا - قوي قوتىنى، مېۋىلىك بېغى، دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىگەن ھەم ھويلىدا يۇرتداشلار بىلەن چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ بىرلىكتە مۇڭداشقانىدى.

«بۇ نەچچە يىلدا، ئائىلەم ۋە يۇرتداشلارنىڭ تۇرمۇشىدا يەنە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، بىز باش شۇجىنىڭ يەنە كېلىپ كۆرۈپ بېقىشىغا ئىنتىزار بولۇۋاتىمىز» دېدى ئابدۇقېيۇم سەممىيلىك بىلەن.

مىننەتدارلىقنى قەلبكە پۈكۈپ غەيرەت بىلەن ئىشلەش

«بۈلتۈر، ئۆيىمىزدە قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە كۆكتاتتىن سىرت، يەنە گۈل ئۆستۈردۇق. ئەگەر باش شۇجى يەنە كەلسە، مەن ئۇنىڭغا گۈل تەقدىم قىلىمەن، گۈل بىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ سىمۋولى!»

مۇخبىرلار بىلەن پاراڭلاشقاندا، ئابدۇقېيۇمنىڭ چىرايىدا كۈلكە جىلۋىلەندى، بۇ كۈلكە كۆڭلىدىكى ياخشىلىنىۋاتقان تۇرمۇشتىن كەلگەن.

ئابدۇقېيۇم مۇنداق ھېسابات قىلدى: بەش يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن ئىلگىرى، بىر ئائىلىدىكى ئۈچ جان ئاساسلىقى مېنىڭ تىراكتور بىلەن باشقىلارنىڭ يېرىنى ئاغدۇرۇپ، زىرائەتلىرىنى ئورۇپ يىغىپ بېرىشتىن تاپقان پۇلۇمغا تايىناتتۇق، يىللىق كىرىمىمىز 10 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئىدى؛ ھازىر، تىراكتور ھەيدىگەندىن سىرت، مەن خوتۇنۇم ئايشەمگۈل ئېزىز بىلەن يەنە كالا ۋە كەپتەر بېقىپ، گۈل ئۆستۈرۈپ، بىر يىلدا 100 مىڭ يۈەنگە يېقىن كىرىم قىلىمىز.

«ئالدىنقى قېتىم باش شۇجى كەلگەندە، مەن ئۇنى مېۋىلەر پىشقاندا يەنە كېلىپ تېتىپ بېقىشقا تەكلىپ قىلغانىدىم. بۈلتۈر، ئائىلىمىزدە قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە كۆكتاتتىن سىرت، يەنە گۈل ئۆستۈردۇق. ئەگەر باش شۇجى يەنە كەلسە، مەن ئۇنىڭغا گۈل تەقدىم قىلىمەن. گۈل بىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ سىمۋولى!» دېدى ئابدۇقېيۇم.

(ئاخىرى 7 - بەتتە)